②سىز بەك تىرىشچان ئىكەنسىز.

③ئاڭلىشىمچە، بۇ پىداكارلىقنى سەن قىلىپتىكەنسەن.

«ئىكەن» باغلامچى پېئىلنىڭ سان ۋە شەخس جەھەتتىن تۈرلىنىشى

| سان / شەخس | | بىرلىك | كۆپلۈك |
| --- | --- | --- | --- |
| I-شەخس | | ئىكەنمەن | ئىكەنمىز |
| II-شەخس | ئاددىي تۈرى | ئىكەنسەن | ئىكەنسىلەر |
| | سىپايە تۈرى | ئىكەنسىز، ئىكەنلا | |
| III-شەخس | | ئىكەن | |

ئىزاھات: ئېغىز تىلىدا «ئىكەنمەن، ئىكەنسەن» دىكى «ئى» چۈشۈپ قالىدۇ. ئالدى-كەينىدىكىلەر ئۇلاپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

مەن ھاجىنىسا بىلەن يۇرتداش ئىكەنمەن \ يۇرتداشكەنمەن.

سەن ھاجىنىسا بىلەن يۇرتداش ئىكەنسەن \ يۇرتداشكەنسەن.

سىز ھاجىنىسا بىلەن يۇرتداش ئىكەنسىز \ يۇرتداشكەنسىز.

ئۇ \ ئۇلار ھاجىنىسا بىلەن يۇرتداش ئىكەن \ يۇرتداشكەن.

بىز ھاجىنىسا بىلەن يۇرتداش ئىكەنمىز \ يۇرتداشكەنمىز.

سىلەر ھاجىنىسا بىلەن يۇرتداش ئىكەنسىلەر \ يۇرتداشكەنسىلەر.

**2- «-غۇ» لۇق ئىسىمداش**

پېئىلنىڭ تۈرلىنىش ئارقىلىق ئىسىم ئىقتىدارىغا ئېرىشىپ، جۈملىدە ئىسىمغا ئوخشاش قوللىنىلىدىغان گىراماتىكىلىق شەكىللىرى ئىسىمداش، دەپ ئاتىلىدۇ.

«-غۇ» لۇق ئىسىمداش تۆۋەندىكىدەك ياسىلىدۇ:

① پېئىل يىلتىزى ياكى ئۆزىكىگە «- غۇ، - قۇ، -گۈ، - كۈ» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ھەر زامانداشلار ئىسمىنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ، ھەر زامان « بار، يوق، كەل » سۆزلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن خەۋەر بىلەن مۇناسىۋەت باغلايدۇ ھەم جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇنىڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغۇسى يوق.

ئادىلنىڭ تاماق يېگۈسى كەلمىدى.

| | |
|---|---|
| Oyun,eğlence | ئويۇن – تاماشا |
| Muhtaç ol - | زار بول - |
| Ağlayıp sızlayan | يىغلاپ – قاقشاپ |
| Gam | غەم |
| Aklına gel – | ئېسىگە كەل - |
| Sığın – | پاناھلان- |
| Çarşı | رەستە |
| Aynı zamanda | ئەينى ۋاقىتتا |
| Dinle – | قۇلاق سال - |
| Ahmak | ئەخمەق |

**سۆز – ئىبارىلەرنى چۈشەندۈرۈش**

1- ھەشەمەتلىك

①ئىستانبۇلدا ھەشەمەتلىك بىنالار ناھايىتى كۆپ.

②ئۆي سالغاندا مۇۋاپىق بولۇشىغا كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىپ، ھەشەمەتلىك بولۇشىنى قوغلىشىپ كەتمەسلىك كېرەك.

2- ئەركە نايناق

①تاغامنىڭ قىزى ئىنتايىن ئەركە – نايناق.

②بالىنى ئەركە – نايناق قىلىپ ئۆگىتىپ قويماسلىق لازىم.

3-خار بولماق

①نىياز- باشقىلارنىڭ ئۆيىدە نۇرغۇن يىل خار بولۇپ ئىشلىگەندى.

②كونىلاردا «ئۆزۈڭنى خار قىلغۇچە، كۈچۈڭنى خار قىل» دېگەن گەپ بار.

**گىراماتىكا**

**1- ۋاستىلىك باغلامچى پېئىل**

سۆزلىگۈچى ئىش – ھەرىكەتنى ۋاستىلىك ھالدا بايان قىلىدۇ. تۇرغۇن سۆزلەرگە ۋە شەخسسىز پېئىلغا (پېئىلنىڭ تۇرغۇن سۆز شەكىللىرى)غا قوشۇلۇپ، ئۇلارنى پېئىلغا خاس گىراماتىكىلىق شەكىللەر بىلەن باغلايدىغان ياردەمچى پېئىل. ئۇيغۇر تىلىدا ئەڭ كۆپ قوللىنىدىغان ۋاستىلىك باغلامچى پېئىللار « ئىكەن، ئىمىش» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ پېئىللار ئۆز ئالدىغا ئايرىم قوللىنىلمايدۇ ھەم ئايرىم تۇرغاندا مۇستەقىل مەنە ئاڭلاتمايدۇ، پەقەت جۈملىدە باشقا پېئىللارغا قوشۇلۇپ كېلىپ قوشۇمچە رول ئوينايدۇ. ئۆتكەن زامان ئېنىقسىز خەۋەر رايى رولىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

①ئەركىن تارىخقا ئائىت كىتابلارنى كۆپ كۆرگەنىكەن.

كۈلۈپ يۇرۇۋېرىپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى باي توساتتىن ئۆلۈپ قاپتۇ. باينىڭ ئوغلى ئاۋالقىدەكلا ئاتىسى تاپقان مال – دۇنيانى يەپ، بەخىرامان ئويۇن – تاماشا قىلىپ .ئۆتۈۋېرىپتۇ. «يېتىپ يېسەڭ تاغمۇ توشمايدۇ» دېگەندەك، ئاتىسىنىڭ مال-دۇنياسى ئاخىر تۈگەپتۇ. بۇ يىگىت بىر پارچە نانغا زار بولۇپ، يىغلاپ – قاقشاپ غەمگە پېتىپتۇ. بىر كۈنى ئۇ پۇلۇم بار چاغدا ئاغىنىلىرىمنى تازا باققان ئىدىم، ئەمدى پۇلۇم تۈگەپ قالدى، ئۇلاردىن پاناھ تىلەپ باقاي دەپ رەستىگە چىقىپتۇ. «پۇل بار چاغدا مىڭ دوست، پۇل يوق چاغدا قېنى دوست» دېگەندەك، ئۇنى كۆرگەن ئاغىنىلىرى ھەر تەرەپكە قېچىشىپتۇ. ئۇ چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ « ئەينى ۋاقىتتا ئاتام ھۈنەر ئۆگەن، ئىلىم ئوقۇغىن دەپ نەسىھەت قىلسا قۇلاق سالماپتىكەنمەن....«بىلىمسىزگە ئىش يوق، ئىشسىزغا ئاش» دېگەن سۆز ھەقىقەتەن توغرا راست ئىكەن دەپتۇ پۇشايمان قىلغان ھالدا.

**يېڭى سۆز – ئىبارىلەر**

| | |
|---|---|
| Hadsiz hesapsız | ھېسابسىز |
| Servet | مال –دۇنيا |
| Lüks | ھەشەمەتلىك |
| Avlu | ھويلا – ئارام |
| Çiftik hayvanları | مال – پادا |
| Hizmetçi, uşak | مالاي |
| Hizmetçi, uşak | چاكار |
| Az önce | بايا |
| Sevilen | ئارزۇلۇق |
| Şımarık | ئەركە – نايناق |
| Dost | ئاغىنە |
| Gamsız | جاھاندىن بىغەم |
| Başı boş | بېشى قايغان، پۈتى |
| Boşuna geçir – | تايغان |
| Hüner | بىكار ئۆتكۈز – |
| Küçül –, madara | ھۈنەر |
| ol - | خار بول - |
| Öğüt | نەسىھەت |
| Eğlenerek | ئويناپ – كۈلۈپ |
| Aniden | توساتتىن |
| Eskisi gibi | ئاۋالقىدەكلا |
| İlgisiz | بەخىرامان |